# خەلقئارا تەرتىپ ئۆزبېشىمچىلىق، تەلۋىلىكنى سىغدۇرالمايدۇ

## —— قائىدىنى كۆزگە ئىلمىسا مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ

□ جۇڭ شېڭ

بۇ نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ نەزەرىدە، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئومۇمەن «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» قارىشى دەككىسىنى يېسە، زومىگەرلىك قىلمىشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، ھەممىسىدە باشقىلار قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. بۇنداق زومىگەرلىك لوگىكىسىغا قارىتا، گېرمانىيە سودا ـ سانائەت كېڭىشىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى ۋان سىلىبېننىڭ مۇنداق ئوبرازلىق ئوخشىتىشى بار: ئامېرىكا تەرەپ خۇددى بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسىدە «توپنى قولى بىلەن ئېلىپ مېڭىپ، ۋاراتارغا باشچىلاپ بۆسۈپ كىرىپ»، بۇنىڭغا «زەيتۇن توپ مۇسابىقىسى قائىدىسىنى ئاساس قىلدۇق» دەپ باھانە كۆرسەتكەندەك ئىش قىلىدۇ. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئامېرىكا تەرەپ تاموژنا بېجى كالتىكىنى خالىغانچە ئوينىتىپ، ھەممىلا جايدا سودا تالاش ـ تارتىشى پەيدا قىلدى، خۇددى «فارفور بۇيۇملار دۇكىنىغا بۆسۈپ كىرگەن بۇقا»دەك، قائىدىنى ئاساس قىلىدىغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىگە خالىغانچە زەربە بەردى، قائىدە، تەرتىپنى ئالقىنىدا ئوينىتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئەڭ چوڭ «ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغۇچى»غا ئايلاندى.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا سودا تالاش ـ تارتىشىنىڭ ماھىيىتى ئامېرىكا تەرەپنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىش مېخانىزمىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى قانۇنىغا ئاساسەن خەلقئارا سودا سۈركىلىشى پەيدا قىلغانلىقىدا. ئامېرىكىنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتى ھوقۇق بەرمىگەن ئەھۋالدا جۇڭگو تاۋارلىرىدىن تاموژنا بېجىنى كەڭ كۆلەمدە قوشۇپ ئېلىشى ئۆز دۆلىتىنىڭ ۋەدىسى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، بىر تەرەپلىمە قائىدىنى خەلقئارا قائىدىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان ئۆزبېشىمچىلىق، تەلۋىلىك.

دۇنيا سودا سەھنىسىدە مۇسكۇلىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقان ئامېرىكا ئىزچىل توختىماي چىراي ئۆزگەرتىش ئويۇنى ئوينىدى، بىردەم دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسى بىزنى «زىيان تارتقۇزدى» دەپ ئەيىبلىسە، بىردەم باشقا دۆلەتلەرگە ئورۇنسىز ھالدا «قائىدىگە رىئايە قىلمىدى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزدى، ھەتتا باشقا دۆلەتلەرنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىن «قوغلاپ چىقىرىمىز» دەپ تەھدىت سالدى. ئامېرىكا ناھايىتى كۈچەپ جار سالدى، ئويۇننى ناھايىتى كۈچەپ ئوينىدى، بىراق رەزىل ئويۇن ئاقىۋەتتە ھېچكىمنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمىدى. «قائىدىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا تۈزۈلمە تەھدىتكە ئۇچراۋاتىدۇ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، تەھدىت پەيدا قىلغىنى باشقا دۆلەت بولماي، بەلكى بۇ سىستېمىنى بەرپا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان ئامېرىكا.» ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى تۇسكىنىڭ بۇ سۆزى دۇنيا ئەھلىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئۆزبېشىمچىلىق قىلمىشىنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

خەلقئارا قائىدىنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈپ، مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى. بۇ نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا قائىدىگە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارىغانلىقى كىشىنى تېخىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى، ھەتتا نۆۋەتتە ئۇنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ بەلگىسىگە ئايلاندى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، دۆلەتلەر پوچتا ئىتتىپاقى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىنىپ چىقىش، تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋەتى كېلىشىمى، پارىژ كېلىمات كېلىشىمى، يەر شارىۋى كۆچمەنلەر كېلىشىمى، ئىران يادرو مەسىلىسى ئومۇميۈزلۈك كېلىشىمى، «ۋېنا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئەھدىنامىسى»نىڭ تالاش ـ تارتىشلارنى مەجبۇرىي ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئىختىيارىي تاللاش كېلىشىمنامىسى» قاتارلىق بىر قاتار خەلقئارا ئەھدىنامىلەردىن چېكىنىپ چىقىش، شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمى ۋە ئامېرىكا ـ كورېيە ئەركىن سودا كېلىشىمى ئۈستىدە قايتا سۆھبەتلىشىشنى مەجبۇرىي تەلەپ قىلىش، ئامېرىكىنىڭ بىر تەرەپچىللىك قىلمىشلىرى خەلقئارا قائىدە ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشقا زور خىرىس شەكىللەندۈردى. ئەنگلىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى گوردون بىروۋن خورسىنغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئامېرىكا يەككە قۇتۇپلۇق دۇنيادا باشقىلاردىن خېلىلا ئالدىدا تۇرغان دەۋردە، دائىم كۆپ تەرەپلىك ئاپپاراتلار ئارقىلىق ھەرىكەت قىلغانىدى. ھالبۇكى بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيا كۆنسېرى كۆپ قۇتۇپلىشىۋاتىدۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەنىلا ئۆزبېشىمچىلىق قىلىۋاتىدۇ».

ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا قائىدىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا مەستخۇش بولۇشتىكى لوگىكىلىق چىقىش نۇقتىسى زوراۋانلىق ۋاستىسى ئارقىلىق شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەشتىن ئىبارەت. ئامېرىكا دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ياردەمچىسى بولتوننىڭ ئىلگىرى قىلغان «ئەگەر بۈگۈن مېنى (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى) خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى قايتا قۇر دېسە، مەن پەقەت بىرلا دائىمىي ئەزا دۆلەت تەسىس قىلغان بولاتتىم، چۈنكى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن پۈتۈن يەر شارىنىڭ كۈچ تارقىلىشىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ» دېگەن «ھېكمەتلىك سۆزى» بۇنداق روھىي ھالەتنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن. ئامېرىكا تەرەپ ئۆزىچە زوراۋانلىققا تايىنىپ رەقىبىنى بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ دەپ قاراپ، بۇ ئېتىپ، ئىككى تەرەپلىك بېسىم ئىشلىتىش كۆپ تەرەپلىك مېخانىزمدىن تېخىمۇ «يۇقىرى ئۈنۈملۈك»، تاموژنا بېجى كالتىكى قائىدە قۇرۇلۇشىدىن تېخىمۇ «يۇقىرى ئۈنۈملۈك» دەپ جار سالدى.

ئامېرىكا باش قاتۇرۇپ زوراۋانلىق ئارقىلىق قائىدىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، قائىدىنى رېزىنكە لاي ئورنىدا خالىغانچە مىجىقلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. لېكىن، بىلىكى توم، كۈچى زور بولغانلارنىڭ زومىگەرلىك دەۋرى كەلمەسكە كەتتى، دۇنيادىكى ئىشلارنى پەقەت ھەرقايسى دۆلەتلەر كېڭىشىش ئارقىلىق بېجىرىدۇ. نۆۋەتتە، دۇنيا كۈچ ۋەزىيىتىدە تېز ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، كۆپ قۇتۇپلاشقان ئالاھىدىلىك كۆنسېرى روشەنلىشىۋاتقان، دۆلەت ھالقىغان مەسىلىلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان، پۈتۈن يەر شارىۋى قائىدە سىستېمىسىغا بولغان ئېھتىياج ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ بىر تەرەپچىللىك تەپەككۇرىنى كۆزلىشى پەقەت ئۆزى ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ. قائىدىگە قارشى خالىغانچە تەلۋىلىك قىلسا، جەزمەن ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ، «يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغ بولۇش» نىشانى پەقەت مەسخىرە دەستىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

دۇنيانىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتى ئەزەلدىن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزگەرگەن ئەمەس. ئامېرىكا قائىدىنى بۇزۇشقا مەستخۇش بولۇۋاتقاندا، يەنە بىر خىل «قارشىلىشىش» بىلەن «قۇرۇش»مۇ جىمجىت داۋاملاشماقتا. بەزى ئامېرىكا تاراتقۇلىرى ئاگاھلاندۇرۇپ، دائىم «ۋاراتار خادىسىنى يۆتكەش» بەدەل تۆلەشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت مىزانىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۇسۇلى بەزى ھەمراھلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان تايىنىشىنىڭ ئازىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا، دېدى. يەنە بەزى ئامېرىكا تاراتقۇلىرى تېخىمۇ ئوچۇق ھالدا: «ئىقتىساد ساھەسىدە، ئامېرىكا يەنىلا ھېلىقى ‹چوڭ بالا›، ئەمما بىردىنبىر ‹چوڭ بالا› ئەمەس. خەۋپ ـ خەتەر ئېھتىمال ئامېرىكىنىڭ دائىم باشقا بالىلارنى قورقىتىدىغان زومىگەر دەپ قارىلىپ، بۇ بالىلارنىڭ بىرلىشىپ، ئامال قىلىپ ئامېرىكىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىغا سەۋەب بولغانلىقىدا» دەپ باھا بەردى.

جۇڭگودا «ئەمىنلىكتىنمۇ ئارتۇق پايدا بولماس، مالىمانچىلىقتىنمۇ ئارتۇق زىيان» دېگەن گەپ بار. بۈگۈنكى دۇنيادىكى 1 ـ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە تەسىر كۈچكە ئىگە چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئالاقىدار سىياسىتى ۋە سۆز ـ ھەرىكىتى ئەڭ ئەقەللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى، دۇنيانىڭ «ئەمىنلىك»كە پايدىلىق بولۇشى، بەلكى «مالىمانچىلىق» قىلماسلىقى كېرەك. كۆپ تەرەپچىللىك ۋە قائىدە ئاساس قىلىنغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك ساداسى. ئامېرىكىنىڭ قائىدىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق بەخت ـ سائادىتى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يوللۇق مەنپەئەتىگە خالىغانچە زىيان يەتكۈزگەنلىك. بۇنداق ئۆكتەملىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. ناۋادا ئامېرىكا تەرەپ ئۆزبېشىمچىلىق قىلىپ، ئۆز مەيلىچە جاھىللىق بىلەن «ئۆزى بىلگەن يولدا مېڭىۋەرسە»، ئۇنداقتا ۋاز كېچىش يولىنى تاللىغان بولىدۇ، بۇ يولنىڭ مۇقەررەر بىرلا ئاخىرقى نۇقتىسى بار، ئۇ بولسىمۇ مەغلۇبىيەت!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ئىسھاقبېك مونونوف:

## قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ مەدھىيىلىنىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر يۈ تاۋ)** 70 يىلدىن بۇيان، ئىنقىلابىي قۇربان ئىسھاقبېك مونونوفنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتەك قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى شىنجاڭدا تارقىلىپ مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي روھى ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا، ئۇلۇغ ۋەتەننى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.



ئىسھاقبېك مونونوفنىڭ سۈرىتى(ماتېرىيال سۈرەت). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان.

ئىسھاقبېك مونونوف، قىرغىز، 1902 ـ يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئۇلۇغچاتتىن. 1925 ـ يىلى دادىسىنىڭ ئورنىدا ئەسكەر بولۇپ، چېگرا قاراۋۇل ئەترىتىگە قاتنىشىپ، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، 1928 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەنگەن. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ بىرمەھەل شىنجاڭدىكى يەرلىك قىسىمنىڭ تۇەنجاڭى، لۈجاڭى بولغان، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار پىلانلاپ قوزغىغان قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىگە ئاتلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇ بۇ مەزگىلدە، قىسمىنىڭ ئىنتىزامىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ: «خەلققە پايدىسىز ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ؛ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ پۇقرالارنى بوزەك قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەن.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئىسھاقبېك مونونوف شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى 1 ـ ئاتلىق لۈسىنىڭ لۈجاڭى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئەزاسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرغان، خەنزۇ يېتىم بالىنى بېقىۋالغان، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنى بەرپا قىلىش ۋە زورايتىش ھەمدە شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان، ئىسھاقبېك مونونوف ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداشنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى بولۇپ، 11 ماددىلىق «تىنچلىق بېتىمى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ چىقارغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ئوسمان ئىسلام، خالىبېك رېھىمبېك خوجابېكنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا قوماندانلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت بازىسىنى مۇستەھكەملەپ ۋە قوغداپلا قالماي، بەلكى 100 مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ ئارمىيەسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ جايىۋگۇەندىن ئۆتۈپ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىنى توسۇپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى، بولۇپمۇ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك ماسلاشقان.

1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئىسھاقبېك مونونوف «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش دېموكراتىك ئىتتىپاقى» مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. ئۇ شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى كادىرلار، ئامما، بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيەدىكى قوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئۈزلۈكسىز ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش تەربىيەسى بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغان.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇ غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭ(بۈگۈنكى بېيجىڭ)غا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماڭغان، 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۇ ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قازا قىلغان، ئەينى يىلى 47 ياشتا ئىدى.

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش «قىشلىق ھۇجۇم»ى پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يەتتە بىر تۈركۈم»نى ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»قا تۈرتكە بولۇپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈردى.

«ئومۇميۈزلۈك تەربىيەلەش كادىرلارنىڭ ئىقتىدار ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاشتىكى كۈچلۈك تۇتقا.» ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر چېن لىپى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «ئومۇميۈزلۈك تەربىيەلەش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىپ چۈشىنىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش پىكىر يولى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنى چۈشىنىش ئىقتىدارى، ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئاشتى، تۈرلەرنى پىلانلاش، تۈرلەرنى تاللاش، تۈرلەرنى يولغا قويۇش، ئاممىنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيدى، بىرتۇتاش پىلانلاشقا ماھىر بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، نەتىجە يارىتىشتەك خىزمەت كەيپىياتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، ‹ئىشلەشنى بىلمەسلىك، ئىشلەشنى خالىماسلىق، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىق› قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مۇقىملىقنى ئويلىشى، ئىناقلىققا تەلپۈنۈشى، تەرەققىياتنى كۆزلىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىشى ئاساسىي مېلودىيەگە ئايلاندى».

ئومۇميۈزلۈك تەربىيەلەش ئاساسىدا، تۈرلەرنى قۇرۇش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «قايتا قاراپ چىقىش» قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەر ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلىپ، «قىشلىق ھۇجۇم»دا ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىندى.

تۈر قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» «بىرگە يېقىنلىشىش»تىكى كەمتۈك ئاجىز تۈرلەر دەل جايىدا بايقىلىپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «يەتتە بىر تۈركۈم»نى ئالغا سىلجىتىش، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»قا تۈرتكە بولۇشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى ۋە كۈچەش نۇقتىسى توغرا تېپىپ چىقىلىپ، تۈر پىلانلاش تېخىمۇ ئىلمىي بولۇپ، مۇمكىنچىلىكنى دەللىلەش تېخىمۇ تولۇق بولۇپ، يولغا قويۇش تەرتىپى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەبلەغ باشقۇرۇش تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق تېخىمۇ تولۇق قىلىنىپ، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارنى ئازايتىش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش يۆنىلىشچانلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ تۈر تىرەكى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 1896سى يولغا قويۇلۇپ ئىش باشلاندى.

تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىش، خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قىستاش بىلەن بىللە، «قايتا قاراپ چىقىش» ئارقىلىق، خىزمەت مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. ھازىرغىچە، مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى قايتىما ئىنكاس قىلغان تۆت تۈردىكى 65 خىل مەسىلە تۈزىتىلدى ھەم ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك 43 تۈرنىڭ 22سى ھازىر تۈزىتىلىۋاتىدۇ.

چېن لىپى مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار، ئالاھىدە نامرات ئاھالە ۋە «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كادىرلارنى تەربىيەلەش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قوزغاپ، تۈرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈزىتىلگەن مەسىلىلەرنىڭ قايتىلىنىشىدىن قاتتىق ساقلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش «قىشلىق ھۇجۇم»ىنىڭ نەتىجىسىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، بۇ يىل 606 مىڭ 100 كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا، 976 كەنتنىڭ نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقىشىغا، 12 نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)